# مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا كۆزىتىش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋاڭ رۇڭجۈن بەش نۇقتىدىن تۈزىتىش پىكىر - تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە 2 - قېتىملىق، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئورنىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى سىستېمىلىق پىلانلاپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشنى ساقلاش كېرەك. ئىككىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختاتماي ئالغا سىلجىتىپ، قاتلاممۇ قاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق رايونلاردىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى جازالاش سالمىقىنى زورايتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ۋە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزەپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، تەربىيەلەش، ئىشلىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېزا ۋە مەھەللە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. بەشىنچى، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆتكە سىڭدۈرۈش» تەلىپى بويىچە، تۈزىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش توغرىسىدىكى خىزمەت تەلىپى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۆز رايونىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە تۇرۇۋاتقان ئورنىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتلاممۇ قاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى نازارەت قىلىش - چەك قويۇش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «ھالقىلىق ئاز سانلىقلار»، بولۇپمۇ «بىرىنچى قول»نى نازارەت قىلىشنى گەۋدىلىك كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى مەركەزلىك تۈزەش كېرەك. «تۆت خاھىش»نى قىلچە بوشاشتۇرماي تۈزىتىپ، تۈزەپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، نىشانلىق تۈزىتىپ، تۈزەپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلقنى بېيىتىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، مائارىپ، داۋالىنىش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت، نامراتلارنى يۆلەش، مۇھىت قوغداش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى داۋاملىق تۈزىتىپ، تۈزەپ، ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، كادىرلار قوشۇنى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈچۈن تەشكىلىي كاپالەتنى پۇختىلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تۈزەشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بولۇپمۇ شۇجى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆتكە سىڭدۈرۈش» تەلىپى بويىچە، مەسىلە تىزىملىكى، ۋەزىپە تىزىملىكى، مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش، يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، سىستېما قارىشىدىن پايدىلىنىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش ۋە نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىش، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ دەرھال تۈزىتىش، بىلگەنلا ھامان تۈزىتىش، ھەقىقىي تۈزىتىش، ئەمەلىي تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قايتا - قايتا كۆرۈلگەن، ئومۇميۈزلۈك يۈزبەرگەن مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى تۈزۈم - مېخانىزم جەھەتتىن ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. كۆزىتىشنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە، تۇرۇشقا ئەۋەتىش، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات تارماقلىرى كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى كۈندىلىك نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىجىل ئىز قوغلاپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نازارەت قىلىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۈنىۋېرسال باھالاشقا كىرگۈزۈپ، ئەپلەپ - سەپلەپ تۈزىتىش، تۈزىتىشى كۈچلۈك بولماسلىق، ساختا تۈزىتىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان پىكىرلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، چوڭقۇر، ئورۇنلۇق، ئەجەللىك يەرگە دەل تەگكەن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىققا، قاراتمىلىققا، يېتەكلەشچانلىققا ئىگە، بىز تىزىملىك بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىپ، ھەممىنى قوبۇل قىلىپ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ، قەتئىي تۈزىتىمىز. قەتئىي تۈردە پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈچەپ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش ۋە نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، «بىرىنچى قول» باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى تېز تۈزۈپ، مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، نىشان - تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، مەسىلە ئېنىقلانمىغىچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشمىگىچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغىچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغىچە قويۇۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆزىتىشنىڭ «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلىرى»نى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى قەتئىي چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى ئەمەلىي ئىشلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت خاھىش»نى سىجىل تۈزىتىپ، تۈزەپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى، مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى نەق مەيداندا قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، باشقا مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، خەلقنى مەركەز قىلىدىغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ قەتئىي تۈردە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەۋزەللىكى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، پائال ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىشى، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملىشىنى قوللاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، تۇرۇۋاتقان جايدا چاغان ئۆتكۈزىدىغانلارغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاھىدە ھەم ئىللىق چاغان ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي پوزىتسىيە، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، قەيسەر چىدامچانلىق، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش قايتما ئىنكاس پىكرى بويىچە تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، كۆزىتىشنىڭ «كېيىنكى باسقۇچتىكى» ئىشلىرىنى قاتتىق تەلەپ بىلەن، ئەمەلىي، ياخشى ئىشلەش كېرەك. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، دىققەتنى «ئىككىنى قوغداش» تۈپ ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچەپ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيەۋى ساپا، سىياسىي ساپانى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا ھەقىقىي قوللىنىش كېرەك. تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە تىزىملىكىنى تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش تىزىملىك دەپتىرى تۇتۇپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، تۈرمۇتۈر تىزىملىككە توغرىلاپ، بىرنى تۈزەتسە بىرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، ھەربىر مەسىلىنى ئاخىرىغىچە تۇتۇشقا، ھەربىر پىكىرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، «بىرىنچى قول» باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، قاتتىق بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، قاتلاممۇ قاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇدەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي ئىش قىلىش، ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ جۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.